# مۇئاز ئىبنى جەبەل

ئىسلام ئەلچىسى

پەيغەمبەر ئارسلانلىرى



غۇنچىلار

مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

ئۈممىتىمدىن شەرىئەت ئىلمىنى (ھالال - ھارامنى) ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشى - مۇئاز ئىبنى جەبەلدۇر. (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)

ھەقىقەت نۇرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پارلىغان ۋاقىتتا مۇئاز ئىبنى جەبەل بالاغەتكە يېتەي دەپ قالغان ئىدى. ئۇ تىلىنىڭ پاساھەتلىك، ئەقلىنىڭ ئۆتكۈر، غەيرەتلىك ۋە زىيادە سەزگۈرلىكى بىلەن تەڭتۈشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قەددى - قامەتلىك ۋە كېلىشكەن بىر يىگىت بولۇپ، بۈدرە چاچلىرى ۋە ئاپئاق چىشلىرى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.



ياش مۇئاز مەككىلىك دەۋەتچى يىگىت مۇسئەبنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىمان ئېيتقان بولۇپ، ئەقەبە كېچىسى ئۇ ياشلىقىۋ ئۇرغۇپ تۇرغان قوللىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىرىغا قويۇپ، بەيئەت قىلغان ئىدى. بەيئەت قىلىش شەرىپىگە ۋە بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن مەدىنىدىن يولغا چىققان 72 نەپەر كىشىنىڭ ئىچىدە مۇئاز ئەڭ كىچىكى ئىدى.

مۇئاز بەيئەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەككىدىن مەدىنىگە قايتىپلا دەۋەتنى باشلىۋەتتى. ئۇ بۇتلارنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن چېقىشقا، دوستلىرىنى ھەم بۇ ئىشقا يېتەكلەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن مەدىنىنىڭ چوڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولغان ئەمرۇ ئىبنى جەمۇھ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. بۇ ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:



ئەمرۇ ئىبنى جەمۇھنىڭ ياغاچتىن ياسالغان مانات ئىسىملىك بىر ئېسىل بۇتى بار بولۇپ، ئۇ بۇتنى مايلاپ، خۇشپۇراقلارنى چېچىپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. مۇئاز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بىر قاراڭغۇ كېچىدە ئۇنىڭ بۇتىنى ئېلىپ چىقىپ، ئەخلەتلەرنىڭ ئارىسىغا تاشلىۋەتتى. ئەتىسى ئۇ بۇتىنى تاپالماي، پۈتۈن ئەتراپنى ئاختۇرۇپ، ئاخىرى ئۇنى ئەخلەت-چاۋالارنىڭ ئارىسىدىن تاپتى ۋە «خەپ! ئىلاھىمىزغا بۇ ئىشلارنى زادى كىم قىلغاندۇ؟» دەپ ئاچچىقلاپ كەتتى. ئاندىن ئۇنى يەنە يۇيۇپ، تازىلاپ، ئۆز ئورنىغا قويغاندىن كېيىن: — ئى مانات! ساڭا كىمنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنى رەسۋا قىلىۋېتەتتىم،- دېدى.



ئىككىنچى كۈنى كېچىدە ئۇ ئۇخلاپ قالغاندا ھېلىقى ياشلار كېلىپ، ئالدىنقى كۈندىكى ئىشلارنى يەنە تەكرارلىدى. ئۇ ئەتىسى يەنە بۇتىنى ئىزدەپ، باشقا بىر ئازگالدىن تاپقاندىن كېيىن، يەنە بۇرۇنقىدەك يۇيۇپ، تازىلاپ، ئەتىر سېپىپ ئورنىغا قويدى ۋە بۇتىغا چېقىلغانلارنى يەنە راسا تىللاپ قارغىدى. بۇ ئىش يەنە مۇشۇنداق تەكرارلىنىۋەردى. بىر كۈنى بۇتىنى ئىزدەۋېرىشتىن زېرىككەن ئەمرۇ ئىبنى جەمۇھ بۇتىغا قاراپ: — ئى مانات! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ساڭا بۇ ئىشلارنى كىمنىڭ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەگەر سەندە راستىنلا قۇدرەت بولسا، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قوغدىغىن، مانا بۇ قىلىچ سەن بىلەن بىللە،- دېدى ۋە بۇتىنىڭ بويىنىغا بىر قىلىچنى ئېسىپ قويۇپ، چىقىپ كەتتى.



كەچ كىرگەندە ياشلار يەنە كېلىپ، بۇتنىڭ بويىنىدىن قىلىچنى ئېلىۋالدى ۋە ئۇنى بىر ئۆلۈك ئىتنىڭ بويىنىغا باغلاپ ئازگالغا تاشلىۋەتتى، ئەمرۇ ئەتىسى بۇتنى ئۆلۈك ئىت بىلەن باغلانغان هالدا ئازگالدىن تاپتى ۋە:

ئاللاهنىڭ نامىدىن قىلايكى قەسەم،
ئەمەسسەن هەرگىزمۇ هەقىقىي ئىلاه!
تۇرمايتتىڭ ئىت بىلەن هەرگىزمۇ بۇنداق،
گەر بولساڭ ئەگەردە هەقىقىي ئىلاه،

دېگەن هالدا بۇتىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلدى ۋە ئەڭ ياخشى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇئاز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولدى، ئۇنىڭدىن قۇرئان ۋە ئىسلامنىڭ شەرئىي قانۇنلىرىنى ئۆگەندى، ھەتتا ئاخىرىدا ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغان، ئاللاھنىڭ شەرىئەتلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلاردىن بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۈممىتىمدىن شەرىئەت ئىلمىنى (ھالال-ھارامنى) ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى - مۇئاز ئىبنى جەبەل» دېگەن سۆزى ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى باھادۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قۇرئاننى توپلىغان؟ خاتىرىلىگەن ئالتە كىشىنىڭ بىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلىپ، كىشىلەر ئىسلامغا توپ - توپ بولۇپ كىرىۋاتقاندا، مەككىنىڭ ئەمىرلىكىنى ئەتتاپ ئىبنى ئۇسەيدكە تاپشۇردى، كىشىلەرنىڭ دىنىنى چۈشىنىپ، شەرئىي بەلگىلىمىلەرنى بىلىۋېلىشىغا ياردەملىشىشى ئۈچۈن مۇئازنى ئۇستازلىققا قالدۇردى.



يەمەن پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرى يەمەندە قالغان ۋە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلارغا دىن ئۆگىتىدىغان بىرىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر ئىچىدىن بىر قانچەيلەننى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىگە بۇيرىدى ۋە مۇئازنى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن چىقتى ۋە مۇئازغا قېنىۋالماقچى بولغاندەك ئۇزۇنغىچە بىللە ماڭدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلىپ: — ئى مۇئاز! بەلكىم بىر يىلدىن كېيىن مېنى كۆرەلمەسلىكىڭ، مېنىڭ مەسجىتىمدىن، قەبرەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشۈڭ مۇمكىن دېدى. مۇئازنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىۋەتتى، باشقا ساھابىلەرمۇ يىغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك مۇئاز شۇ ئايرىلغىنىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايتا كۆرەلمىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يىلى ۋاپات بولغانىدى.



ئۆمەر خەلپىنىڭ دەۋرىدە ئۇ مۇئازنى كىشلەرگە دىن ئۆگىتىش ئۈچۈن پەلەستىنگە ئەۋەتتى. مۇئاز ئۇ يەردە ۋابا كىسىلى بىلەن يۇقۇملاندى، ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا، ئۇ ئاسمانغا قاراپ: ئى ئاللاھ! مېنىڭ جېنىمنى مۆمىنلەرنىڭ روھىنى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلغىن، دەپ ئىلتىجا قىلغانىدى. ئۇ پۈتۈن هاياتى بويىچە كىشلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىپ، ئائىلىسىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن يىراق جايدا، مۇهاجىر هالەتتە ئۆتكۈزۈپ، ۋابا كېسىلى بىلەن بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى. ئاللاھ ئىسلام ئەلچىسى مۇئاز ئىبنى جەبەلگە كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلسۇن!




ئوماق دوستلار!
«ئىسلام ئەلچىسى» دېگەن نامغا
مۇشەررەپ بولغان ساھابىنى بىلەمسىلەر؟